# كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان ۋە چوڭلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر بىزدىن ئەمەس

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان ۋە چوڭلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر بىزدىن ئەمەس»

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

كىچىككە رەھىم قىلمايدىغان، شەپقەت قىلمايدىغان، ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغان ۋە ئويناشمايدىغان، چوڭنى ئۆزىگە لايىق ئىززەت-ھۆرمەت قىلمايدىغان كىشىلەر سۈننەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس. «بىزدىن ئەمەس» دېگەن سۆز: ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئۇسلۇبى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3083